# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى قۇدرەتلىك پەن ـ تېخنىكا تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

داۋالاش دورىلىرىنى تاللاپ، يېڭى داۋالاش ۋاستىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەڭ زور ئىمكانىيەت بىلەن يېنىك ئاغرىقلارنىڭ ئېغىر ئاغرىقلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشىنى توسۇپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە قان پلازمىسى، غول ھۈجەيرە، يەككە كلونلۇق ئانتىتېلانى قوللىنىش قاتارلىق ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، ئېغىر ئاغرىق، خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلىتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش بىلەن كەسپلەشتۈرۈش زەنجىرىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى، ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈش كېرەك. ۋاكسىنا ساغلام كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ئىنتايىن مۇھىم، بىخەتەرلىككە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر بار بولغان كۆپ خىل تېخنىكا لىنىيەسىنىڭ ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت ئەلنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئىلگىرىلىشىگە يېقىندىن ئىز قوغلاپ دىققەت قىلىپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ۋاكسىنىنىڭ كلىنىكىدا سىناق قىلىنىشى ۋە بازارغا سېلىنىپ ئىشلىتىلىشىگە بالدۇرراق تۈرتكە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. كارخانا ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بىرلەشتۈرۈلگەن ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە كەسپلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ۋاكسىنا زاپاس ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ۋىرۇس مەنبەسىنى ئىزدەپ ھەم ئۇنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەتقىق قىلىپ، كېسەل مەنبەسىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى، قاياققا يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش كېرەك. ۋىرۇس ئاقسىلى بىلەن ئوخشاش بولمىغان قوبۇل قىلغۇچى تەنچىنىڭ بىرىكىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، گۇمانلىق ھايۋانلارنىڭ ئارىلىق پارازىت ئىگىسى بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى باھالاپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى ۋە مەنبەسىنى ئىزدەش تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، دەللىك دەرىجىسى ۋە تاللاپ تەكشۈرۈش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاغرىقلارنىڭ ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئايرىۋېتىلگەن ئاممىنى پسىخىك جەھەتتىن يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاغرىقلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەلۇم جەريان كېتىدۇ، ئۆيدە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئاممىدا ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ھەر خىل پسىخىكلىق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ پسىخىك جەھەتتىن يېتەكلەشكە موھتاج. ئۇلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى پسىخىك جەھەتتىن يېتەكلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشكە سەپەرۋەر قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جەڭ مەزگىلى بىرلەشتۈرۈلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە پەن تەتقىقاتىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل ۋە بىيولوگىيە بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىس. بىيولوگىيە بىخەتەرلىكىنى دۆلەت ئومۇمىي خەۋپسىزلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جەڭ مەزگىلىنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، پەن تەتقىقات بىلەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە پەن تەتقىقاتىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەردىكى پەن تەتقىقات كۈچلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، سىستېمىلاشقان تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە ئالدىن كۆرەرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىن كۆزىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك ئىگىلەپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى دەل ۋاقتىدا قوللىنىش كېرەك. يۇقۇم يامراپ جىددىي ھالەتكە ئۆتكەندىن كېيىنكى پەن تەتقىقاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قوماندانلىق قىلىش، ھەرىكەتكە كېلىش، كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئورنىتىپ، ئادەتتىكى مەزگىلدە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكەت كۆرسەتمىسىنى ياخشى تەييارلاپ، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە تېز قوزغىتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى، جەمئىيەت پسىخىكا ساغلاملىقى، ئاممىۋى سەھىيە ئەسلىھەلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، بولۇپمۇ ياۋايى ھايۋانلارنى ئىستېمال قىلىشتەك ناچار ئادەتنى قەتئىي توسۇش، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى خەلقئارالىق ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كۆپ دۆلەتلەردە كۆرۈلدى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار دۆلەتلەر، بولۇپمۇ يۇقۇم كۆپ كۆرۈلگەن دۆلەتلەر بىلەن مەنبەنى ئىزدەش، تېببىي دورا، ۋاكسىنا، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەن تەتقىقات ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، پەن تەتقىقات سانلىق مەلۇماتلىرى ۋە ئۇچۇرلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئورتاق تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك.

# ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىز غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، كۈچنىڭ بارىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلبىنى ئومۇميۈزلۈك قولغا كەلتۈرىمىز. بىرىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى باشتىن ـ ئاخىر ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى تۇتىمىز. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەنبەدىن باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق سورۇنلار، نۇقتىلىق ئورۇنلاردا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ قايتىلىنىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئالىمىز. ئىككىنچى، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرىمىز. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك نورمال ھالەتكە قايتىشىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى قەتئىي تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشتا تەۋرەنمەسلىكتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىكتە، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرىمىز. ئۈچىنچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايمىز، ماسلىشىمىز. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، يېتەكچىلىك قىلىشىنى پۇرسەت بىلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تېپىپ، خىزمەتلەرنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا دوكلات قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشى كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ ۋە ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، شىنجاڭدا ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لى پېڭشىن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاۋ چىڭ، ۋاڭ مىڭشەن، رېن خۇا، لىيۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۇڭ قاتارلىقلار ئۇدۇللاشتۇرۇشقا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونىمىز قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەرىجىسىنى يەنە ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ قەلبىگە ۋاقتىدا يەتكۈزدى.

ئارقىمۇ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر، ئاسان قايتا نامراتلىشىپ كېتىدىغان، نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەردىكى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار، ئېغىر دەرىجىلىك مېيىپ قاتارلىقلارنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەنرەك بولۇشتەك ئەمەلىيىتىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «يەككە نوپۇس بويىچە تۆۋەن كاپالەتكە كىرگۈزۈش، بىر يىللىق تەدرىجىي چېكىندۈرۈش مۇددىتىدىن پايدىلىنىش» خەلق ئىشلىرى ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى تۈزدى؛ شەھەر ـ بازار ئائىلىلىرىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى سەۋەبىدىن ئاساسىي تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن ئائىلىلەرنى ۋاقتىدا ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ھەربىر كىشىگە ھەر ئايدا 450 يۈەن ئۆلچەم بويىچە پۇل تارقىتىپ بەردى.

«ياخشى سىياسەت ئارقىلىق ئاممىغا ۋاقتىدا نەپ يەتكۈزۈش كېرەك.» لوپ ناھىيەسى ھاڭگىيا بازىرىنىڭ خەلق ئىشلىرى كادىرى گۈزەلنۇر ئەخمەتنىيازنىڭ دېيىشىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئۇلار تېلېفون، ئۈندىدار، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى «ئالا قويماي» رەتكە تۇرغۇزۇپ، «كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش، بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇرغان.

«قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ۋاقتىدا بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، دەل جايىدا، ئىنچىكە بولۇش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى يۈڭفېڭ مۇنداق دېدى: قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ كونكرېت دەۋا ـ تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز 12349 نومۇرلۇق خەلق ئىشلىرى ئاممىۋى مەنپەئەت قىزىق لىنىيەسى، ئادەم كۈچى ئارقىلىق مەسلىھەت بېرىشتە ۋاقتىغا بۆلۈپ مۇلازىمەت قىلىشنى 24 سائەت نۆۋەتچىلىك قىلىشقا ئۆزگەرتتى، مەسلىھەت بېرىش مەزمۇنىدىمۇ توققۇز ئىقتىدار كۇنۇپكىسىنى تاللاپ بېسىشتىن «بىر لىنىيەلىك ئۇلىنىش»قا ئۆزگەرتتى. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، كاپالەتلەندۈرۈش شۆبە گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خىزمەت مەخسۇس بەنى تەسىس قىلىپ، قىزىق لىنىيەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەۋا ـ تەلەپلەرنى كۈندىلىك مەلۇم قىلىش، قەرەللىك سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېلېفوندا تەكشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۈرلۈك قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش سىياسەتلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى.

ئىگىلىنىشچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ دەۋا ـ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان قىزىق لىنىيە تېلېفونى تەسىس قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، يۈزتۇرا، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەربىر ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى بىرمۇبىر ياخشى ھەل قىلىپ، ھەربىر ئىشنىڭ جاۋابى بولۇش، ھەربىر ئىشقا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇداپىئە لىنىيەسى»نى ھەقىقىي مۇستەھكەملىگەن.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار تۇنجى تۈركۈمدە دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش باشلاش تەييارلىقىنى ئىنچىكە، دەل جايىدا ياخشى ئىشلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش باشلاش تەييارلىق خىزمىتى ئەھۋالىغا قارىتا نەق مەيداندا نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىپ، مەكتەپكە كىرىش ئېغىزىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش نۇقتىسى، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش، كۆزىتىش ـ ئايرىش ئۆيى قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارنى نۇقتىلىق تەكشۈردى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 70 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، مۇخبىر مەكتەپ دەرۋازىسى سىرتىدا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىرىش ـ چىقىش يولى ھەم ئۈچ يولغا ئايرىپ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ـ كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ياخشى تەسىس قىلىنغانلىقىنى كۆردى. ئوقۇتقۇچىلار پېشانە تېرمومېتىرى بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەندىن باشقا، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يەنە ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق تېمپېراتۇرا ئۆلچەش ئەسۋابى قويۇلغان بولۇپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورمالسىزلار بايقالسا، سىستېما ئاپتوماتىك سىگنال بېرىدىكەن، ئارىلىقى ئوقۇتۇش رايونىغا يىراق جايدا يەنە مەكتەپ ئىچى كۆزىتىش ئۆيى، ئايرىش ئۆيى، داۋالاش ئۆيى تەسىس قىلىنىپتۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش ئورنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر لىن يى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: دەرس ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىق بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى كونكرېت ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش لايىھەسى ۋە تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ئىجرا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىمۇ 26 تېببىي خادىمنى مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇلار ساغلاملىق، يۇقۇم مۇداپىئە بىلىملىرىنى ئوقۇش باشلاشتىكى بىرىنچى دەرس مەزمۇنى قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقۇم مۇداپىئە بىلىملىرىنى ئىگىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئالاقىدار لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مائارىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سەھىيە ـ ساغلاملىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيەت ـ ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، بورتالا ئوبلاستىدىكى مائارىپ سىستېمىسى مائارىپ، سەھىيە، يۇقۇم مۇداپىئەسى، ئالاقىدار مەكتەپلەرنى تەشكىللەپ ئوقۇش باشلاپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان كۆرەك يىغىنىنى قانات يايدۇرۇپ ھەم يول لايىھەسى تەقلىدىي مانېۋىر قىلىپ، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلار بار 26 مەكتەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئىنچىكىلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لىك پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتلىرى، مەكتەپلەر مەخسۇس سىنىپ تەسىس قىلىپ، ئوقۇش باشلاپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىك، ماددىي ئەشيانى زاپاس ساقلاش، خادىملارنى تەربىيەلەش ۋە جىددىي بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولۇپ، خىزمەت لايىھەسىنى تۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىق ئۇچۇرى ھېساباتى دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، ماددىي ئەشيانى زاپاس ساقلاشنى ياخشى ئىشلەپ، سەھىيە ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش ھەم مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئوقۇش باشلاپ مەكتەپكە كىرىشنى قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، يەسلىلەر (شۆيۈەن، شى)، سىنىپلار، ئائىلە باشلىقلىرىدىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئالاقىلىشىش تورى بەرپا قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەر، تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك ئوقۇش باشلاپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەيلى ۋۇخەنگە بارغان ئاق خالاتلىق جەڭچىلەر بولسۇن ياكى شىنجاڭ ئىچىنى چىڭ ساقلىغان تېببىي خىزمەتچىلەر بولسۇن، ھەممىسى پىداكارلىق بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈپ، كېچە ـ كۈندۈز دەم ئالماي خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى.

«خەتەرلىك پەيتتە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىش» ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ كەسپىي تەلىپى. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇلار «ئەڭ گۈزەل قارشى يۆنىلىشتە يۈرگۈچى»لەر دەپ ئاتالدى، ئەمما مۇداپىئە كىيىمىنى سېلىۋەتسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېنى قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن ئادەتتىكى ئادەملەر، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ۋىرۇسنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. كەسكىنلىك بىلەن «قارشى يۆنىلىشتە يۈرۈش»نىڭ ئارقىسىدا، قورقماس مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ۋە قەھرىمانە ھېسسىيات بار.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، نۇرغۇنى 90 ـ يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغانلار، ھەتتا 95 ـ يىلدىن كېيىن تۇغۇلغانلار، 2000 ـ يىلدىن كېيىن تۇغۇلغانلارمۇ بار. ئۇلار جاپادىن قورقماي، قۇربان بولۇشتىن قورقماي، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن كۆتۈرۈپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياش بىر ئەۋلادلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە قىممىتىنى ئىسپاتلىدى، قەھرىمانە ھەرىكىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

قەھرىمانلار ھۆرمەتلىنىسە ئاندىن قەھرىمان كۆپلەپ بارلىققا كېلىدۇ، قەھرىمان بولۇشقا تىرىشىدىغانلار بولغاندا ئاندىن قەھرىمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. قەھرىمانلار ھۆرمەتلىنىشكە ئېرىشسە، مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ كۆپ كىشىنى خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە چاقىرالايدۇ.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)